ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش

# كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن «ئۈنۈملۈك رېتسېپ» يېزىپ بېرىلدى

## ـــ ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاتۇش شەھىرى قاراجول يېزىسىنىڭ قىزىلتو كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى توغرىسىدا

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىش ئۈلگىسى**

■ خىزمەت ئەترىتى شورلۇق يەرنى ياخشىلاش ئارقىلىق، تېرىقچىلىق ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پارنىكتا كۆكتات تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلهام ۋە ياردەم بېرىپ، باشقا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئورتاق بېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

■ كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتقاندا، كۈچەيتكەندە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

■ بۈگۈنكى كۈندە، قىزىلتو كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىنى بارغانسېرى تولۇپ، بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىش ئىشەنچى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى.

□ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر

چۈشتىن كېيىنكى ئىللىق قۇياش نۇرى ئاتۇش شەھىرى قاراجول يېزىسىنىڭ قىزىلتو كەنتىگە چۈشۈپ تۇراتتى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت مەيدانىدا قىپقىزىل بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. ياپيېشىل كۆكەرگەن كەنت يولى بويىدا باللار خۇشال ئويناۋاتاتتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئېتىز ـ قىرلاردا ئىشلەۋاتاتتى، بەزىلىرى هويلىلاردا ئالدىراش ئىدى. «هازىر كەنتتە بىكار ئادەم قالمىدى، خىزمەت ئەترىتى كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ياخشى ئۇسۇللارنى ئويلاپ تېپىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىشلەش غەيرىتىنى ئاشۇردى» دېدى كەنت ئاھالىسى مەمەتتۇرسۇن ئامانتۇر.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاتۇش شەھىرى قاراجول يېزىسىنىڭ قىزىلتو كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىشنى نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي ۋەزىپە، ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش دەپ بىلىپ، پۈتۈن قەلبى، پۈتۈن مېھرى، پۈتۈن كۈچى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچى ئارقىلىق، قەدەمدە بىر ئىز قالدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

### ■ كۆكتات پارنىكى يېڭى ئۈمىد ئېلىپ كەلدى

«مەن كۆكتات پارنىكىدا، بۈگۈن بۇ كۆكتات مايسىلىرىنى تىكىپ بولۇشۇم كېرەك، ئۆيگە كەچرەك قايتىپ تاماق يەيمەن» دېدى مەمەتتۇرسۇن تېلېفوندا خوتۇنىغا. تېلېفوننى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا يەنە پارنىكقا كىرىپ كەتتى.

ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر كېلىدىغان پارنىكتا كۆكتاتلار ياپيېشىل كۆكىرىپ بولۇپ، مەمەتتۇرسۇن هەركۈنى سەھەردە پارنىكقا كېلەتتى، هەر دائىم شۇ ئىشلىگىنىچە بىر كۈن ئالدىراش بولاتتى.

«كەنتىمىزدە يەر ئاز، ئىلگىرى ئەھۋالىمىزنى قانداق ئۆزگەرتىشنى بىلمەي، ئۆيدىكى بىر نەچچە قوي، كالىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتۇق، كىرىمىمىزمۇ ئاز ئىدى. خىزمەت ئەترىتى كەلگەندىن كېيىن، بىزنى كۆكتات پارنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلىدى، هازىر هەربىر ئائىلىنىڭ ئۆزىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش يولى بار بولدى، كۆپچىلىك ئىشلىگەنسېرى شۇنچە ئىشەنچكە تولدى» دېدى مەمەتتۇرسۇن هازىرقى تۇرمۇشىدىن ناهايىتى رازى بولۇپ.

قىزىلتو كەنتى نامرات كەنت بولۇپ، يەرنىڭ شورلىشىشى ئېغىر بولغاچقا، نېمىلا تېرىسا هوسۇل ئېلىش تەس ئىدى. خىزمەت ئەترىتى بۇ مەسىلىنى هەل قىلىش ئۈچۈن، بېيجىڭدىكى بىر پەن ـ تېخنىكا شىركىتى ھەقسىز ياردەم قىلغان تۇپراق ياخشىلاش دورىسىنى قولغا كەلتۈردى، ئىشلىتىلگەندىن كېيىن شورلۇق يەرنى ياخشىلاشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلىپ، هەر مو يەرنىڭ ئوتتۇرىچە هوسۇلى 30%تىن ئارتۇق ئاشتى، بۇ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىنتايىن هاياجانلاندۇردى.

قاراجول يېزىسىدا ئەسلىدە 20 كۆكتات پارنىكى بار بولۇپ، پەرۋىش قىلىشقا سەل قارالغانلىقتىن، ئۈنۈمى ئىزچىل ياخشى بولمىغان، كېيىن تاشلىنىپ قالغانىدى. خىزمەت ئەترىتى كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى بىلەن ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، هەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى پايلاپ بىرتۇتاش پىلانلاپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 600 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، 20 كۆكتات پارنىكىنى رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتىپ، تېرىقچىلىق ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پارنىكتا كۆكتات تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلهام ۋە ياردەم بېرىپ، باشقا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئورتاق بېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

خىزمەت ئەترىتى كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى بىلەن ئامالىنىڭ بارىچە كۆكتاتلارنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئاتۇش شەھىرىدىكى هەرقايسى تاللا بازىرى، قاراجول يېزىسىدىكى هەرقايسى ئورۇن، كارخانا قاتارلىقلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، كۆكتات تېرىغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى.

### ■ كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتىش، كۈچەيتىش

«هازىر كەنتىمىزدىكى ئون دۇكاننى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش باشلاندى، 80 كىۋادرات مېتىرلىق 1 ـ دۇكان كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا ئەڭ يېقىن، تۆۋەن باهاسى 10 مىڭ يۈەن...» دېدى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاتۇش شەھىرى قاراجول يېزىسىنىڭ قىزىلتو كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى لۇ خۈيبىن. باهاسى تۆۋەن، ئورنى ياخشى دۇكانلار نۇرغۇن كەنت ئاھالىلىرىنى قىزىقتۇردى، نەچچە نۆۋەت كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش ئارقىلىق ناهايىتى تېزلا ئون دۇكاننىڭ ھەممىسىنى كەنت ئاھالىلىرى هۆددىگە ئالدى.

«كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتقاندا، كۈچەيتكەندە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ» دېدى لۇ خۈيبىن.

ئىلگىرى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئالدىدىكى يىراق بولمىغان جايىدا، بىر پارچە قاقاس يەر بار بولۇپ، ياۋا ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەنىدى. خىزمەت ئەترىتى بايلىقلارنى جانلىق ئىشلىتىش ئارقىلىق، 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، 1800 كىۋادرات مېتىرلىق قاقاس يەرنى ئېچىپ، بەش دۇكان سالدى، يەنە ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش دۇكىنىدىن بەشنى كۆپەيتىپ سېلىپ، ئون دۇكاننى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىگە ئىجارىگە بەردى، دۇكان سالغان جاينى يىمەك ـ ئىچمەك كىچىك بازىرى قىلىپ راۋاجلاندۇرۇپ، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتىپلا قالماي، يەنە نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

كەنت ئاھالىسى قۇرمانباي تۇردىقۇل مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئائىلىمىزنىڭ ئالتە مولا يېرى بار ئىدى، تۆۋەن كاپالەت پۇلىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتۇق. راۋاچېيزا دۇكىنى ئاچقاندىن كېيىن، سودىمىز ئىنتايىن ياخشى بولدى، مەن يەنە زەنجىرسىمان دۇكان ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقا نامرات ئائىلىلەرنىڭمۇ نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولىمەن».

2016 ـ يىلى، قىزىلتو كەنتىنىڭ كوللېكتىپ كىرىمى ئاران 26 مىڭ يۈەن ئىدى، قىسقىغىنا ئىككى يىلدا، خىزمەت ئەترىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى كەنتنىڭ كوللېكتىپ كىرىمى 214 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 9707 يۈەن بولۇپ، 2017 ـ يىلىدىكىدىن 38.5% ئاشتى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىدىن رازى بولۇش دەرىجىسى 100%كە يەتتى.

### ■ كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ئۈمىدكە تولدى

كەنت ئاھالىسى ئىسلامباي تۆمۈرنىڭ ئارقا هويلىسىدا، 200 چۈجە چۇرۇقلىشىپ بىر يەرگە جۇغلىشىپ كۆكتات يوپۇرماقلىرىنى يەۋاتاتتى، ئىسلامباي بىر چەتتە قاراپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. «خىزمەت ئەترىتى بىز نامراتلارنى چۈجە بىلەن تەمىنلىدى، چۈجىلەر چوڭ بولغاندىن كېيىن خىزمەت ئەترىتى مەركەزلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ساتىدۇ، ھەربىر توخۇنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 70 يۈەن، شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايمەن». ئىسلامباي هاياجانلانغان هالدا مۇنداق دېدى: «هازىر كەنتتە كۈندە بىر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ئۈمىدكە تولدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلماقتا».

قىزىلتو كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەخت تۇيغۇسى خىزمەت ئەترىتىنىڭ پۇختا خىزمەت قىلغانلىقىدىن كەلگەن.

كەنتتە كالا، قوي گۆشلىرىنى سېتىش تەس بولغاندا، خىزمەت ئەترىتى شۇ جايدىكى گۆش مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان كارخانا ۋە ئېچكىرىدىكى كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، مال تەمىنلەش كېلىشىمى ئىمزالاپ، كالا، قوي گۆشلىرىنى گۇاڭدۇڭ ۋە خۇبېي قاتارلىق جايلارغا ساتتى؛ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يول يۈرۈشىگە تېخىمۇ قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت ئەترىتى يېزا ـ كەنت تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بەش كىلومېتىر ئاسفالت يول ياساتتى بەردى؛ يەرگە سۇ كەمچىل بولغاندا، ئوتلاقنى سۇغىرىش تەس بولغاندا، خىزمەت ئەترىتى ئۆستەڭ ياساتتى، ئېتىزلارغا، ئوتلاقلارغا سۇ باشلىدى؛ كەنت كومىتېتى هويلىسىغا كەنت بويىچە تۇنجى مۇھىت ئاسراش هاجەتخانىسى سېلىپ بەردى...

بۈگۈنكى كۈندە، قىزىلتو كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولدى، كەنت ئاھالىلىرى پاكىز، چىرايلىق ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، توكسكلت، پەكاپلار كەڭ ئاسفالت يوللاردا غۇيۇلداپ يۈرىدىغان بولدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىنى بارغانسېرى تولۇپ، بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىش ئىشەنچى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى.



# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاياللار كۈچىنى قوشايلى

□ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رەئىس خالىدە روزى

ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، هەر مىللەت ئايال ئاممىنى ئورتاق تىرىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيمەن.

هەر مىللەت ئاياللارنى غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىشقا يېتەكلەيمەن. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن هالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، هەر مىللەت ئاياللارنى غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن؛ يېڭى دەۋردە تۆھپە يارىتىپ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن؛ يېڭى قىياپەتنى نامايان قىلىپ، مەدەنىي كەيپىياتنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن؛ يەلكەن تارتىپ يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئارزۇغا ئىنتىلىشنىڭ كۈرەشچىلىرىدىن بولۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەيمەن.

هەر مىللەت ئاياللارنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەيمەن. پارتىيەنىڭ ساداسىنى ئايال ئاممىنىڭ ئارىسىغا يەتكۈزۈپ، ئىسلاهات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ئايال ئاممىنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەيمەن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، غايەت زور ئىلھامىنى تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتىنىڭ قىزىل گېنىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرىمەن. ئىش ئورنۇمدا ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، پائال تۆھپە قوشۇپ، بازىنى ياخشى ساقلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى كونكرېت ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەسىر كۆرسىتىمەن ۋە يېتەكچىلىك قىلىمەن.

هەر مىللەت ئاياللارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پائال قوغداشقا يېتەكلەيمەن. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۈتۈن شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا هەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى هەم هەر مىللەت ئايال ئاممىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. بىز چوقۇم كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ جىنايى ماھىيىتى ۋە رەزىل غەرىزىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ بىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىزنى تۇغقانلىرىمىزدىن ئايرىۋېتىشىگە، بەختلىك ئائىلىمىزدىن ئايرىۋېتىشىگە هەرگىز يول قويمايمىز، ئۇلارنىڭ هەر مىللەت ئاياللار هەم باللارغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا هەرگىز يول قويمايمىز. بىز پائال هەرىكەتكە كېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش مۇقەددەس بۇرچىنى ئاڭلىق زىممىمىزگە ئېلىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، تەستە قولغا كەلگەن بەختىمىز ۋە خاتىرجەملىكىمىزنى قوغدايلى. بىز تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، دوستانە ئۆتۈپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى هاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاياللار كۈچىنى قوشايلى.

# ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بېلەت باھاسىنى تۆۋەنلىتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باھانى باھالاش، تەڭشەش خىزمىتىنى پىرىنسىپ جەھەتتە تاماملاپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ باھا باشقۇرۇشنى ياخشىلىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: هەر دەرىجىلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات تارماقلىرى تەننەرخنى نازارەت قىلىپ قاراپ چىقىش، تەكشۈرۈش ۋە باھانى باھالاش ئاساسىدا، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بىر قەدەر قىممەت بېلەت باھاسىنى تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە تۆۋەنلىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈمى پىششىق يېتىلسە، بىر تۈركۈمنى ئېلان قىلىشى كېرەك. ئاساسلىقى تەبىئىي بايلىق ۋە مەدەنىيەت بايلىقىغا تايىنىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلغان ساياھەت ئېكسكۇرسىيە نۇقتىلىرىنى ۋاقتىدا ھۆكۈمەت باھا بېكىتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. 2018 ـ يىلىدىن بۇيان باھاسى تۆۋەنلەتمەسلىك ياكى باھانى تۆۋەنلەتسىمۇ نەقلەشتۈرمەسلىك، شۇنداقلا باھانى يۇقىرى بېكىتىپ چوڭ ئېتىبار بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر گەۋدىلىك بولغان مەنزىرە رايونلىرىغا قارىتا، باھانى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، مونوپول خاراكتېرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئارىلىق ئاپتوموبىل، ئاسما ۋاگون، ساياھەت پاراخوتى، ئاپتوموبىل توختىتىش قاتارلىقلارنىڭ مۇلازىمەت باھاسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. سۈپەت بىلەن باھا ئۆزئارا ماس كېلىش پرىنسىپى بويىچە، مەنزىرە رايونلارنىڭ سۈپەت دەرىجىسگە ئاساسەن مۇۋاپىق پەرق باھا، سېلىشتۇرما باھا مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، روشەن نامۇۋاپىق باھانى ھەققىي تۆۋەنلىتىش كېرەك.

دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بېلەت باھاسىنى تۆۋەنلىتىشنى سىجىل چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ھەق ئېلىش ھەرىكىتى ۋە مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ تىجارەت ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: هەر دەرىجىلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات تارماقلىرى بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، مەدەنىيەت ـ ساياھەت تارماقلىرى بىلەن بىللە، باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى مەنزىرە رايونلىرىغا قارىتا بىرلەشمە مەخسۇس تۈزەش، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانلىرىدىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش ھادىسىلىرىنى تۈزىشى، مەنزىرە رايونلىرىدىكى خالىغانچە ھەق ئېلىش ئۆتكىلى تەسىس قىلىش، نامۇۋاپىق هالدا «باغچە ئىچىدىكى باغچە» تەسىس قىلىپ ھەق ئېلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى قەتئىي بىكار قىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بېلەتتە بىر بېلەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى كېرەك. مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بېلەت باھاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشكارىلاش، قېلىپلاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بارلىق مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بېلىتى ۋە ئارىلىق ئاپتوموبىل، ئاسما ۋاگون قاتارلىق يانداش مۇلازىمەتلىرىنىڭ ھەق ئېلىش تىزىملىكى ۋە باھا ئۆلچىمىنى ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ھۆكۈمەت تور بېكىتىدە ئېلان قىلىش كېرەك. ئېلان قىلىنغان باھادىن باشقا، مەنزىرە رايونلىرى يەنە باشقا ھەق ئالسا بولمايدۇ، ساياھەتچىلەرنى بىلىپ ئىستېمال قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

هەر دەرىجىلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات تارماقلىرى باھا سىياسىتىنى بېكىتىپ ئېلان قىلغاندا، ئاخبارات تاراتقۇلىرى بىلەن پىكىرلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا سىياسەتنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بېلەت باھاسى ۋە يانداش مۇلازىمەت باھاسىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ ساياھەتچىلەرنىڭ چىقىمىنى يېنىكلىتىش، ساياھەت ئىستېمالىغا تۈرتكە بولۇش، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى ئاكتىپ ئەھمىيىتىنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىشى كېرەك.